# چېلىشىشتا يېڭىۋالغان كۈچلۈك ئەمەس، بەلكى ھەقىقى كۈچلۈك دېگەن ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتىۋالغان كىشىدۇر

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:
«چېلىشىشتا يېڭىۋالغان كۈچلۈك ئەمەس، بەلكى ھەقىقى كۈچلۈك دېگەن ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتىۋالغان كىشىدۇر».
[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە ھەقىقى كۈچ-قۇۋۋەتنىڭ بەدەننىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى ياكى كۈچلۈكلەرنى چېلىشىشتا يېڭىۋالىدىغان كۈچ ئەمەسلىكى بەلكى ھەقىقى كۈچ-قۇۋۋەتنىڭ ئۆز نەپسىگە قارشى كۆرەش قىلىپ، ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى كونتىرول قىلالايدىغان مەنىۋي كۈچ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. چۈنكى بۇ ئۆز نەپسى بىلەن شەيتانغا غالىپ كېلىدىغان ئىمانىي كۈچ-قۇۋۋەتتىن ئىبارەتتۇر.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5351